## 221329 ـ خىمىيىلىك داۋالىنىشقا ماقۇل بولغانلىق سەۋەبىدىن رامزاندا روزا تۇتالمىدى

### سۇئال

مەن جىگەر راكى سەۋەبىدىن خىمىيىلىك ئۇسۇللار بىلەن داۋالىنىۋاتىمەن، بۇ داۋالىنىش: ھەر كۈنى تابلىت دورا ئىستىمال قىلىش، تومۇرغا ئۇكۇل سالدۇرۇش بولۇپ دوختۇر داۋالىنىش جەريانىدا  خىمىيىلىك داۋالىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئومۇمى ئاجىزلىق ۋە سۇيۇقلۇقلارنى كۆپ ئىستىمال قىلىش  يۈزىسىدىن روزا تۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى، بۇ شەكىلدە داۋالىنىش ئالتە ئاي داۋاملىشىدۇ، ئاندىن كېيىن كېسەلنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، داۋالىنىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ، بەزى ۋاقىتتا داۋالىنىش مۇددىتى يەنە ئىككى ئاي ئۇزارتىلىدۇ، ياكى كېسەلنىڭ ھالىتىدە نەتىجە كۆرۈلمىسە، لازىرنۇرى ئارقىلىق ياكى ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىق باشقا بىر ئۇسۇلدا داۋالاش ئېلىپ بارىدۇ، مېنىڭ مۇشۇ مۇددەتتە روزا تۇتالمىغانلىقىم ئۈچۈن نېمىلەرنى ئادا قىلىشىم كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟، مەن مەسچىتتە بارالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇسام قىيامدا تۇرغانىنىڭ ئەجىر ـ ساۋابى بولامدۇ؟. ئەگەر بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن كېچىدە تەراۋىھ نامىزىنى ئادا قىلىشقا تۇرالمىسام، بۇ نامازنىڭ قازاسىنى ئەتىسى ئوقۇساممۇ بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

دەسلەپتە: ئاللاھ تائالادىن سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە شىپالىق ئاتا قىلىشنى ۋە تېنىڭىزنى ساق قىلىشنى سورايمىز.

بىرىنچى: كېسەللىك سەۋەبىدىن رامىزان ئېيىدا روزا تۇتالمىغان بولسىڭىز، بۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، رامزاندىن كېيىن روزا تۇتۇش ئىمكانىيىتى بولغاندا تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلسىڭىز بولىدۇ، ئەگەر قازاسىنى قىلىش مۇمكىن بولمىسا ھەر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە يېمەك بەرسىڭىز بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "روزا تۇتۇشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىگە شۇ ھالىتىدە روزا تۇتۇشى پەرز بولمايدۇ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:  وَمَنْ كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ   تەرجىمىسى: كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن.

[سۈرە بەقەرە 185-ئايەت].

ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ئاجىز كەلگۈچىنىڭ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقى ئاشكارا بولدى: بىرى: تاسادىپىي پەيدا بولغان ئاجىزلىق، يەنە بىرى: دائىم بولىدىغان ئاجىزلىقتۇر.

تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان ئاجىزلىقنىڭ يوق بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ، ئۇ يۇقىرقى ئايەتتە زىكىر قىلىنغان، ئاجىزلىقى يوقالغاندا تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ.

دائىم بولىدىغان ئاجىزلىقنىڭ يوق بولۇشى ئۈمىت قىلىنمايدۇ، ئۇ كىشىگە ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە يېمەكلىك بېرىش كېرەك بولىدۇ. ["شەرھىل مۇمتىئ"6-توم 324-325-بەت].

ئىككىنچى: مۇسۇلمان ئۈچۈن تەراۋىھ نامىزىنى مەسچىتتە ئوقۇسۇن ياكى ئۆيدە ئوقۇسۇن –گەرچە مەسچىتتە ئوقۇش ئەۋزەل بولسىمۇـكېچىدە قىيامدا تۇرغانىنىڭ(تەراۋىھ) نامىزىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ.

ھەر يىلى تەراۋىھ نامىزىنى مەسچىتتە ئوقۇپ ئادەتلەنگەن كىشى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆيدە ئوقۇغان بولسا، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇ كىشى ئۈچۈن مەسچىتتە ناماز ئوقۇغانغا ئوخشاش تولۇق ئەجىرـساۋاب بېرىدۇ.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىنسان كېسەل بولۇپ قالسا ياكى سەپەردە بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ساق ۋە مۇقىم ۋاقتىدا قىلغان ئىبادەتنىڭ ئەجىرـساۋابى يېزىلىدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى 2996-ھەدىس].

ئۈچىنچى: بىر كىشى كېسەللىك ياكى ئۇخلاپ قالغانلىق سەۋەبىدىن كېچىلىك نامازنى ئوقۇيالمىغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇنىڭ قازاسىنى كۈندۈزدە قىلىۋالسا بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كېسەللىك ۋە باشقا سەۋەبلەردىن كېچىلىك نامازنى ئوقۇيالمىغان بولسا، كۈندۈزدە ئون ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتىدېگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى 746-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:" بۇ ئادەتلەنگەن نامازنى تولۇق ئادا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەر نامازنى ئادا قىلالمىسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر". ["سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى"6-توم 27-بەت].

سىز كېچىدە ئوقۇپ ئادەتلەنگەن نامازلىرىڭىزنى ئوقۇيالماي قالسىڭىز، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىپ ۋە ئۇنىڭ ۋىتىر نامىزى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە بىر رەكەت نامازنى قېتىپ ئوقۇڭ، چۈنكى ۋىتىر نامىزى پەقەت كېچىدە ئوقۇلىدۇ، كۈندۈزدە ۋىتىر ئوقۇلمايدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.